# ئۇ ئەرنىڭ ئۆستىگە سىزگە نەپىقە بېرىشى ۋاجىپ ئەمەس

پاتىمە بىنتى قەيىس رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە، ئەبا ئەمرۇ ئىبنى ھەفس ئۆزى باشقا يەردە تۇرۇپ ئۇ ئايالنى تالاق قىلىۋەتتى. (يەنە بىر رىۋايەتتە: ئۈچ تالاق قىلدى) ئۇ ئادەم ئۇ ئايالغا ئازراق ئارپا بىلەن ۋەكىلىنى ئەۋەتكەن ئىدى، ئۇ ئايالنىڭ ئاچچىقى كېلىپ قالدى. ئۇ: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سىزگە بېرىدىغان بۇنىڭدىن باشقا ھېچنەرسە يوق، دېدى. ئۇ ئايال: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ بولغان ئەھۋالنى ئېيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئايالغا: ئۇ ئەرنىڭ ئۆستىگە سىزگە نەپەقە بېرىشى ۋاجىپ ئەمەس، دېدى. (يەنە بىر رىۋايەتتە: تۇرىدىغان جاي ھازىرلاپ بېرىشى ۋاجىپ ئەمەس)، ئاندىن ئۇ ئايالنى ئۇممۇ شەرىكنىڭ ئۆيىدە ئىددەت تۇتۇشقا بۇيرىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن دېدىكى: ئۇ ئايالنىڭ يېنىغا ساھابىلىرىم كۆپ زىيارەت قىلىپ تۇرىدۇ. (ئەڭ ياخشىسى) ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇمنىڭ ئۆيىدە ئىددەت تۇتۇڭ، ئۇ قارىغۇ ئادەم، يېنىدا كىيىمىڭىزنى سالالايسىز، ئەگەر ئىددىتىڭىزدىن چىقسىڭىز، ماڭا خەۋەر بېرىڭ، دېدى. ئۇ ئايال: ئىددىتىمدىن چىققاندا پەيغەمبىرىمىزگە: مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبى سۇفيان ۋە ئەبا جەھىم ماڭا تەلەپ قويغانلىقىنى دېسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئەبۇ جەھىم بولسا، قولىدىن تاياق چۈشمەيدىغان ئادەم، ئەمما مۇئاۋىيە پۇلى يوق كەمبەغەل، ئۇسامە ئىبنى زەيد بىلەن نىكاھلىنىڭ، دېدى. مەن ئۇنى ياقتۇرمىدىم، ئاندىن: ئۇسامە ئىبنى زەيد بىلەن نىكاھلىنىڭ، دېدى. مەن شۇنىڭ بىلەن نىكاھلاندىم. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭدىن ماڭا ياخشىلىق ئاتا قىلدى، مەن ئۇنىڭ بىلەن بەختلىك بولدۇم

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسرىدە رىۋايەت قىلغان]

ئەبۇ ئەمرۇ ئىبنى ھەپسە ئايالى پاتىمە بىنتى قەيىسنى يانغىلى بولمايدىغان تۆردىكى تالاقنى قىلدى، بۇ، ئۇ ئايالنىڭ ئەڭ ئاخىرقى تالىقى ئىدى. يانغىلى بولمايدىغان تالاق قىلىنغان ئايالنىڭ نەپىقىسى ئېرىنىڭ ئۆستىگە ۋاجىپ بولمايتتى. لېكىن ئۇ ئادەم ئۇنىڭغا ئارپا ئەۋەتتى، شۇڭا ئۇ ئايال ئىددەت ئىچىدىلا بولسا ئۆزىگە نەپەقە ۋاجىپ بولىدىغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قالدى. شۇڭا ئۇ ئارپىنى ئاز كۆرۈپ ياقتۇرمىدى. ۋەكىل قەسەم قىلىپ: ئۇ ئايالغا ئارپىدىن باشقا ھېچنەرسە بەرمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇڭا ئۇنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە شىكايەت قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئۇ ئەرنىڭ ئۆستىگە نەپىقە، ھەتتا تۇرىدىغان جاينى تەمىن قىلىشمۇ ۋاجىپ ئەمەسلىكىنى بايان قىلدى. ئۇ ئايالنى ئۇممۇ شەرىكنىڭ ئۆيىدە ئىددەت تۇتۇشقا بۇيرىدى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئايالنىڭ يېنىغا ساھابىلىرىنىڭ كۆپ زىيارەت قىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئېسىگە ئالغاندا، ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇم ئەما بولغاچقا يېنىدا كىيىمىنى سالالايدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇ ئۆيدە ئىددەت تۇتۇشقا بۇيرىدى. ئىددىتى توشقاندا رەسۇلۇللاھقا خەۋەر بېرىشنى تاپىلىدى. ئىددىتى توشقاندا ئۇ ئايالغا، مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبى سۇفيان ۋە ئەبۇ جەھىم تەلەپ قويغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مەسلىھەت سالدى، مەسلىھەت سورىغان ئادەمگە مەسلىھەت بېرىش ۋاجىپ بولغانلىقى ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككىسىنىڭ ھېچقايسىسىنى ياخشى دېمىدى. چۈنكى ئەبۇ جەھىم ئاياللارغا قاتتىق قول، مۇئاۋىيە بولسا پۇلى يوق نامرات ئىدى، شۇڭا ئۇ ئايالنى ئۇسامە بىلەن توي قىلىشقا بۇيرىدى، ئەمما ئۇنىڭ قۇل بولغانلىقى ئۈچۈن ياقتۇرمىدى، لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرۇقىغا بوي سۇنۇپ قوبۇل قىلدى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بەختلىك بولدى، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ھاياتىدا كۆپ ياخشىلىقلارنى بارلىققا كەلتۈردى

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY

لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC
E-Da'wah Committee